ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب

بېرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)

# كۆيۈنۈش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هايۋان باللرننڭ ئۆسۈپ يېتلشگه
دائر رەسملك كتاب

# كۆيۈنۈش

ئاپتورى: برناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)
رەسمنى سزغۇچى: جون فرانكس
تەرجمه قلغۇچى: ئەخمەت روزى



شنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

动物宝宝成长图画书. 呵护篇：维吾尔文 / （英）斯通豪斯著；祝威，艾合买提·肉孜译. -- 乌鲁木齐 :新疆美术摄影出版社，2015.8
ISBN 978-7-5469-7071-4

Ⅰ. ①动… Ⅱ. ①斯… ②祝… ③艾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－英国－现代 Ⅳ. ①I561.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 210869 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：加沙热提·吾甫尔
装帧设计：古丽米热·如苏力
复　　审：伊不拉音·哈木都拉
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜
封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力

书　　名　动物宝宝成长图画书——呵护篇（维吾尔文）
译　　者　艾合买提·肉孜
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/16
印　　张　3
版　　次　2015 年 8 月第 1 版
印　　次　2016 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7071-4
定　　价　13.60 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

# كىرىش سۆز

دۇنيادا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئۇلار بالىسىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، بولۇپمۇ ئەگرى - توقاي، جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاتا - ئانىلار تېخىمۇ شۇنداق. دەل مۇشۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئىلگىرىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئۇنداقتا بىز بالىلىرىمىزغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا كۆپرەك بىلىم ئۆگەتكەن ۋە ئۇلاردا ئارتۇقچىلىق يېتىلدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ماھارەتلەرنى، ئالايلۇق، ياشاش ماھارىتى دېگەندەكلەرنى بىلدۈرەلەمدۇق؟

بۇ جەھەتتە بىز ھايۋانلاردىن ئۆگەنسەك بولىدۇ. بىز ئىنسانلار بىلەن تەڭ تەدرىجي تەرەققىي قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلارنى سەل چاغلاۋاتقان بولساق كېرەك. بولۇپمۇ، بالا بېقىش، بالىلىرىغا ماھارەت ئۆگىتىش جەھەتتىكى بەزى نۇقتىلاردا ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي، مىليارد يىللىق ياشاش رىقابىتىدە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن غالىب كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىنسانلار ئۆزئارا رىقابەتكە، ھەتتا ئۇرۇش - تالاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكى، مەدەنىيىتى تەدرىجي تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجي تەرەققىياتى لازىمەتلىكنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى، بىراق شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن كەلگەن ئىپتىدائىي ماھارىتى ۋە ياشاش ماھارىتى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشتى. ئەمما ھايۋانات دۇنياسىدا يەنىلا ئاجىزلار شاللىنىش، ماسلىشالىغانلىرى ياشاش، ماھارىتى يوقلار تەبىئىي ھالدا باشقا ھايۋانلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك تەبىئىي قانۇنىيەت داۋاملىشىپ كەلدى.

مۇقەررەركى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەھىمسىز ياشاش قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ ھايات قالغان ھايۋانلار شۇ خىل ھايۋانات ئۇرۇقدىشى ئىچىدىكى قابىللاردۇر.

بىز مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنگلىيەدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي نەشرىيات Firecrest Books كىتابچىلىق چەكلىك شىركىتى نەشر قىلغان John Fransis/Bernard Thornton سەنئەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلغان

«GROWING UP» يۈرۈشلۈك كىتابلىرىنى كىرگۈزدۇق. بۇ كىتابلارنى دۇنيادىكى داڭلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئالىملىرى بىلەن رەسساملار بالىلار ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ چىققان.

كىتابتا ھايۋان بالىسىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقى ئېچىپ بېرىلگەن؛ ھايۋان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى قانداق ئاسرايدىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ ھەربىر جانلىقنىڭ مىدىرلاش، تۇرۇش، يۈگۈرۈش، ئۈزۈش، ئۇچۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق سەپىرىنىڭ جاپالىق ۋە مېھنەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار ھەربىر ھايۋان بالىسىنىڭ ھەربىر ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش ئائىلىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغانلىقى، ھايۋان بالىسى كېلەچىكىنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدا، ئادەم بالىسى كېلەچىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بالىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلمىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ كىتابتىن نەپ ئالالايدۇ. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىڭىز توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىڭىز مۇمكىن. ئادەم گەرچە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ياشاش ماھارىتىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، ئادەم بالىسىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ماھارىتى ۋە توغما ئىقتىدارىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ زىيادە ئامراقلىقى تۈپەيلى ئاز ـ ئازدىن تۇنجۇقتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىز...

شۇڭا بىز، بالىلارنىڭ توغما ئىقتىدارىنى بالىلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! دەپ ئىلتىجا قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداق بولغاندىلا سىزنىڭ بالىڭىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئىچىدىكى قابىللاردىن بولالايدۇ!



يى فەن

2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە


بالىلارغا سۆز ........................ 2
قىزىل ياقۇت بېلىق ........................ 4
ئېپار كالا ........................ 6
ئافرىقا شىرى ........................ 8
سۆگەل بۇرۇن ئاق قۇ ........................ 10
تۈكلۈك خالتىلىق چاشقان ........................ 12
قۇرتخۇر چاشقان ........................ 14
قارا چايان ........................ 16
فىلامىنگو چۈجىسى ........................ 18
كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن ........................ 20
چىلە قۇرتى ........................ 22
چۈمۈلىخور ........................ 24
ئۆڭكۈر توشقىنى ........................ 26
ئېنوت ........................ 28
ياپونىيە ماكاكا مايمۇنى ........................ 30
كۆك بۆرە ........................ 32
چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان ........................ 34
سۇ چوشقىسى ........................ 36
كاۋلا ........................ 38
ئافرىقا پىلى ........................ 40
ئامېرىكا قۇندۇزى ........................ 42






# بالىلارغا سۆز

قەدىرلىك قوزام:

سىز ھايۋانلارنىڭ بالىسىغا قانداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

قاراڭ! سۈرەتتىكى ئەمدىلا نەچچە ھەپتىلىك بولغان بۇ ئەنۈك ناتونۇش دۇنيانى كۆزەتمەكتە. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بىر يېتىلگەن يولۋاسقا ئايلىنىپ، ھەرقانداق خېيىم - خەتەرنى يېڭەلەيدىغان بولىدۇ. بىراق، ھازىر ئۇ تېخى پىستەك بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە ياشىشى كېرەك.

ھەممە ھايۋاننىڭ بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا ئاتا - ئانىسىدىن خېلىلا كىچىك بولىدۇ. ئۇلار قانچە كىچىك بولغانسېرى يولۇقىدىغان خەتەر ۋە كۈشەندە شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھايات قالىمەن دەيدىكەن چوقۇم قوغدىنىشى كېرەك.

مانا بۇ ئەنۈك ئانىسىنىڭ ئىككى پۇتىدىكى ئۆتكۈر تىرناقلىرىنىڭ ئارىسىدا ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا تاشقى دۇنيانى كۆزەتمەكتە. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھىمايىسى ۋە كۆيۈنۈشى بىلەن بىرنەچچە ئاي ئىچىدە نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ھايۋانات دۇنياسىدا ئوخشاش بولمىغان ھايۋانلارنىڭ بالىلىرىنى قوغداش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇ كىتابتا ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ بالىلىرىنى قوغداش ئۇسۇللىرى خاتىرىلەنگەن. قېنى ئەمىسە، بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىزىل ياقۇت بېلىق

ئاپلا! بېلىجانلار ئانىسىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟

ئەسلىدە قىزىل ياقۇت بېلىقنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بىرەر سايە ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ياكى بىرەر خەتەر بايقالسا، دەرھال ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رەڭدار جىسىم — ئانىسىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىۋالىدۇ.

بېلىجانلارنىڭ ئانىسى بالىلىرىنى نەگە يوشۇرۇۋالىدۇ؟ بېلىجانلارنىڭ ئانىسى بالىلىرى ئۈزۈپ كەلگەن ھامان ئاغزىنى ئېچىپ بالىلىرىنى ئاغزىغا يوشۇرۇپ، ئۇلارنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ.





چىشى قىزىل ياقۇت بېلىق رەتلىك تۇخۇملاپ، بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققۇچە تۇخۇمىنى قوغدايدۇ.

سوئال: قىزىل ياقۇت بېلىقنىڭ ئانىسى بالىلىرىنى قانداق قوغدايدۇ؟



يېڭى تۇغۇلغان قىزىل ياقۇت بېلىقنىڭ بالىلىرى ئانىسىدىن ھەرگىزمۇ نېرى كەتمەيدۇ.

بىلىۋېلىڭ: قىزىل ياقۇت بېلىق بالىلىرىنى مۇشۇنداق ئالاھىدە ئۇسۇلدا باققانلىقى ئۈچۈن ئۇلار «ئېغىز بېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىپار كالا



ئىپار كالا شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدۇ، ئۇلار ئەڭ سوغۇق، ئەڭ قۇرغاق، شامال ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جايغا ماكانلاشقان.

ئىپار كالا جەمەت بويىچە توپ بولۇپ ياشايدۇ، بىر جەمەتتە ئادەتتە 10 نەچچە يېتىلگەن ئىپار كالا بولىدۇ. موزايلىرى ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن



بىللە ئوت ـ چۆپ يەيدۇ ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ شامالدىن دالدىلىنىدۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرىلەر بىر ۋاق مەززىلىك تاماققا ئېرىشمەكچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، يېتىلگەن ئىپار كالىلار مۈڭگۈزىنى سىرتقا قارىتىپ يۇمىلاق چەمبەر هاسىل قىلىپ، موزايلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش). ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزىگە هەرقانداق بۆرە تاقابىل تۇرالمايدۇ.



ئىپار كالا موزىيى پۈتۈن بەدىنى قېلىن يۇڭ بىلەن ئورالغان هالەتتە تۇغۇلىدۇ. موزايلار شىمالىي قۇتۇپنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا مۇشۇ يۇڭلارنىڭ ياردىمىدە ئىسسىنىدۇ.



يېتىلگەن ئىپار كالىلار موزايلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بېشىنى يەرگە قارىتىپ، مۈڭگۈزىنى ياۋۇز بۆرىلەرگە توغرىلاپ تۇرماقتا.

**سوئال: يېتىلگەن ئىپار كالىلار باللىرىنى قانداق قوغدايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ئىپار كالىدىن ئىپار پۇرىقى كەلگەچكە «ئىپار كالا» دەپ ئاتالغان.**



# ئافرىقا شىرى

ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىر ئافرىقا يايلىقىدىكى ئەڭ يامان يىرتقۇچ ھايۋان. شۇنداق بولغانىكەن، قايسى ھايۋان شىرنىڭ بالىسىغا زىيان يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟ شىرنىڭ ئانىسى بالىسىنى قانداق قوغدايدۇ؟

شىر ئادەتتە بالىسىنى ئۆڭكۈردە تۇغىدۇ. ئارسلانچاق تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئانىسى ئۇنى ئاۋايلاپ ئاغزىغا ئېلىپ باشقا ئۆڭكۈرگە يۆتكەيدۇ. 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم يۆتكەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئارسلان ئانىسىغا ئەگىشىپ ماڭالىغىدەك بولغىچە يۆتكەيدۇ.



شىرنىڭ ئانىسى ئارسلىنىنى سىرتلان، بۆرە ۋە يىلاننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپلا قالماي، يەنە ئۇنى جەمەت توپى ئىچىدىكى يېڭى ھۆكۈمران بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن قوغدايدۇ. چۈنكى شىر توپىنىڭ ھۆكۈمرانى ئالماشقاندا يېڭى ھۆكۈمران دائىم ئارسلانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئارسلانلار شىر توپىنىڭ ھىمايىسىدە ياشاش ماھارىتى ئۆگىنىمەكتە.

ئارسلانچاق تۇغۇلۇپ نەچچە ھەپتە ئىچىدە ئانىسى ئۇنى باشقا ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ.



سوئال: شىرنىڭ ئانىسى يېڭى تۇغۇلغان ئارسلانچاقنى قانداق قوغدايدۇ؟

بىلۋېلىڭ: شىرنىڭ توپلىشىپ ياشاش ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك. ھۆكۈمران ئەركەك شىر ئاساسلىقى زېمىن قوغداشقا مەسئۇل بولسا، باشقا ئەركەك شىرلار چىشى شىرلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.





## سۆگەل بۇرۇن ئاق قۇ

سۆگەل بۇرۇن ئاق قۇنىڭ بالىلىرى دائىم ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە سۇدا ئۈزۈپ ئوينايدۇ. ئۇلار خاتىرجەم ئويناۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ماكانسىز قالغان بىرەر ئاق قۇ باستۇرۇپ كىرىپ زېمىن ئىگىلىمەكچى بولسا ياكى تۈلكە، سۇغۇر دېگەندەك ھايۋانلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئاق قۇ ئانىسى دەرھال غاقىلداپ بالىلىرىنى ئاگاھ بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاق قۇ بالىلىرى دەرھال ئەتراپتىكى يېتىلگەن ئاق قۇلارنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالىدۇ (ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتكە ئوخشاش). بۇ چاغدا ئاق قۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قاناتلىرىنى ھۆرپەيتىپ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش). بويىنىنى غادايتقىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ، تۇمشۇقى ۋە كۈچلۈك قاناتلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇزچىنى قوغلىۋېتىدۇ.



ئاق قۇ بالىسى خەتەرگە يولۇققاندا، دەرھال چوڭ ئاق قۇلارنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالىدۇ.





ئاق قۇ بالىسى ئىنتايىن تېز چوڭ بولىدۇ. تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئىچىدە يۇمران چۈجە ھالىتىدىن يېتىلگەن ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ.

ئاق قۇ ئانىسى بالىسىنى قوغداش ئۈچۈن قاناتلىرىنى ھۆرپەيتىپ خىرىس قىلىدۇ.

**سوئال: ئاق قۇ بالىسى خەتەردىن قانداق قۇتۇلىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: سۆگەل بۇرۇن ئاق قۇ سۇ ئۈزۈشكە تولىمۇ ماھىر. ئۇنىڭ ماڭلىيىدا پولتىيىپ چىققان سۆگەل بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.**



www.uyghurkitap.com



# تۈكلۈك خالتىلىق چاشقان

تۈكلۈك خالتىلىق چاشقان خۇددى كېنگۇرۇغا ئوخشاش بالىسىنى خالتىسىغا سولاپ باقىدۇ. بالىلىرى يوغىناپ ئانىسىنىڭ خالتىسىغا پاتمىغىدەك بولغاندا، ئانىسىنىڭ باغرىغا چاپلىشىۋېلىپ (ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، ئانىسى بىلەن بىللە دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدۇ. يەنە ئازراق چوڭ بولغاندا، ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە 2 ـ 3ى ئاران سىغىدۇ، قالغانلىرى ئانىسىغا ئەگىشىپ قۇيرۇقى بىلەن دەرەخ شاخلىرىغا چىرمىشىپ رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدۇ.

تۈكلۈك خالتىلىق چاشقان مۇلايىم بولغان بىلەن بالىلىرى خەتەرگە ئۇچرىغاندا، دەرھال ئۆتكۈر چىش ـ تىرناقلىرى بىلەن بالىلىرىنى قوغدايدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش).



چىشى خالتىلىق چاشقان دەرەخ شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بالىلىرى ئۇنىڭ باغرىغا چاپلىشىۋالىدۇ.

تۈكلۈك خالتىلىق چاشقاننىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقىدىكى ئۆتكۈر چىشلىرى ئۆزىنى ۋە بالىلىرىنى قوغداشتىكى مەخپىي قورالى ھېسابلىنىدۇ.



سوئال: تۈكلۈك خالتىلىق چاشقاننىڭ بالىلىرى خەتەرگە ئۇچرىغاندا ئانىسى قانداق قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: تۈكلۈك خالتىلىق چاشقان خالتىلىق ھايۋان تۈرىگە تەۋە بولۇپ، يۈگرەشكە ۋە دەرەخكە يامىشىشقا ماھىر.



# قۇرتخۇر چاشقان



قاراڭ، بۇلار ئۆي چاشقىنىمۇ؟ بۇلار ئۆي چاشقىنى ئەمەس، قۇرتخۇر چاشقان.

قۇرتخۇر چاشقاننىڭ جۈغى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، يۇمىلاق كۆزلىرى، ئۇچلۇق بۇرنى قارىماققا چاشقانغا ئوخشايدۇ.

قۇرتخۇر چاشقاننىڭ بالىلىرى دائىم ئانىسىغا ياكى باشقا قېرىنداشلىرىغا ئەگىشىپ يېمەكلىك تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگىنىدۇ، شۇڭا قاچانلا بولسا ئۇلارنىڭ رەتلىك تىزىلىپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئانىسى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇچلۇق بۇرنى ۋە بۇرۇتلىرى بىلەن يېمەكلىك ئىزدەپ ماڭسا، بالىلىرى ئانىسىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ تۈكىنى چىشلەپ رەتلىك تىزىلىپ ماڭىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ يېمەكلىك تۇتۇپ يېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

سوئال: قۇرتخۇر چاشقان ئائىلىسى بويىچە قانداق ھالەتتە ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: قۇرتخۇر چاشقان بەك كىچىك بولغىنى بىلەن ئىشتىھاسى چوڭ. ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى تۇتۇپ يەيدىغان قۇرت، قۇلۇلە ۋە سازاڭلارنىڭ ئېغىرلىقى ئۇلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان قۇرتخۇر چاشقان بالىسىنىڭ تېخى كۆزى ئېچىلمىدى، بەدىنىدە تۈكمۇ يوق.



www.uyghurkitap.com

# قارا چايان

قارا چايان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چايان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىك قىسىدىغان ۋە ئۆزىنى قوغدايدىغان ئىككى دانە چوڭ قىسقۇچى بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە كېچىسى چىقىپ، قوڭغۇز، چېكەتكە ۋە ئۆمۈچۈكلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئۈستىگە قايرىلىپ تۇرىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا پانۇسقا ئوخشاش بىر مۇنەكنىڭ تۇرغىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ دەل چايانىنىڭ نەشتىرى. ئۇ نەشتىرىنى سانچىپ ئولجىنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، دەرھال پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ. لېكىن ئۇ باللىرىغا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ. چايانىنىڭ باللىرى تۇغۇلۇپلا ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالىدۇ، ئانىسى باللىرى ئۆزىنى قوغدىيالىغىدەك بولغىچە كۆيۈنۈپ باقىدۇ.



چايان باللىرى ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ - چۇشۇپ ئوينىماقتا.



سوئال: قارا چايانىنىڭ نەشتىرى چايانىنىڭ قانداق يېرىدە بولىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: چايانىنىڭ بەدىنى ياپىلاق، سەككىز پۇتى بولىدۇ، ماڭغاندا يەرگە چاپلىشىپ ماڭىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# فىلامىنگو چۈجىسى

قاراڭ! سۈرەتتىكى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان فىلامىنگو چۈجىسى بۇ ناتونۇش دۇنياغا ئەجەبلىنىپ قارىماقتا.

فىلامىنگو چۈجىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان پۇت دەل ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ پۇتى. ئانىسى يوغان بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، چۈجىسىگە ئەگرى تۇمشۇقى بىلەن كىچىك راك ۋە سۇ ئوتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنى بەرمەكتە.



يېڭى تۇغۇلغان فىلامىنگو چۈجىسىنىڭ تۇمشۇقى تۈپتۈز بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئانىسىنىڭكىگە ئوخشاش پەسكە ئېگىلگەن چاغدا ئۆزى كۆلگە بېرىپ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيەلەيدىغان بولىدۇ.

سۇ تەركىبىدىكى تۇز بەزىدە فىلامىنگو چۈجىسىنىڭ پۇتى ۋە پاقالچىقىغا چاپلىشىپ مۇنەكچە بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر بۇ مۇنەكچىلەر ۋاقتىدا ئېلىۋېتىلمىسە، فىلامىنگو چۈجىسى يارىلىنىشى، ھەتتا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن.



فىلامىنگو چۈجىسى تۇزلۇق كۆل ئەتراپىدا ياشايدۇ. فىلامىنگو چۈجىلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ تېيىز يەردە يۈگۈرۈپ، پۇت ۋە قاناتلىرىدىكى مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرماقتا.



سوئال: يېڭى تۇغۇلغان فىلامىنگو چۈجىسىنىڭ تۇمشۇقى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تۇمشۇقىدىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: بىر توپ فىلامىنگودىن بىرى كۆككە كۆتۈرۈلسە، قالغانلىرىمۇ ئەگىشىپ تەڭلا ئۇچىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئاسماندا خۇددى ھال رەڭ زەنجىردەك كۆرۈنىدۇ.



# كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن

كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن ئۇزۇن تۇمشۇق دېلفىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتىلىشىغا ئۇنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقىنىڭ خۇددى ئۇچلۇق بوتۇلكىغا ئوخشايدىغانلىقى سەۋەب بولغان.

كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىننىڭ تېرىسى بەكمۇ سىلىق بولىدۇ، چىرايى كۈلۈپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدۇ.



كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن تۇختىماي نەپەس ئالىدىغان بولغاچقا، بىرنەچچە مىنۇتتا بىر قېتىم دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، بېشىدىكى ھاۋا ئۆركۈش تۆشۈكى بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرىدۇ. بالىسى تۇغۇلغان چاغدا ئانىسى تۇمشۇقى بىلەن بالىسىنى سۇ يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقىرىپ نەپەس ئالدۇرىدۇ، بولمىسا بالىسى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن تۇغۇشقا تەمشەلگەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن دېلفىن ئولىشىپ تىترەڭگۈ ئاۋاز چىقىرىپ، دېلفىن بالىسىنى قوغداشقا تەييار تۇرىدۇ.



دېلفىننىڭ ئانىسى بالىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، بالىلىرىنى لەھەڭدىن قوغدايدۇ. دۈشمەنگە يولۇقسا تۇمشۇقى بىلەن قاتتىق سوقىدۇ.

دېلفىن بالىلىرى خەتەرگە يولۇققاندا توپلىشىۋالىدۇ، چوڭ دېلفىنلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇلارنى قوغدايدۇ.

سوئال: دېلفىن بالىسى تۇغۇلغاندا ئانىسى نېمە ئۈچۈن ئۇنى دېڭىز يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: كەڭ كالپۇكلۇق دېلفىن نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا چوڭقۇر دېڭىز تېگىدىن سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقالايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چىلە قۇرتى

چىلە قۇرتى مۇنبەت نەم تۇپراقتا ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئالتە پۇتى، ئۇزۇن قورسىقى بولىدۇ. ئۇ تۇخۇملىغاندىن باشلاپلا ئانىلىق مېھرى بىلەن باللىرىنى بېقىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

قاراڭ! ئۇ نەچچە ئون دانە تۇخۇمىنى بىر يەرگە يىغىپ پاكىزلاپ، ئوبدان قوغدىماقتا. ئۇنىڭ باللىرىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشىغا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندا كىچىك ھەم قاتتىق، تولۇق يېتىلمىگەن ھالەتتە بولىدۇ. ئانىسى ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ، باللىرى قاسراق تاشلاپ چوڭ بولۇپ ئۆزىنى قوغدىيالىغىدەك بولغاندا ئاندىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا چىلە قۇرتىنىڭ ئانىسىنى ھاشاراتلار دۇنياسىدىكى ئەڭ مېھرىبان ئانا دېيىشكە بولىدۇ!



چىلە قۇرتىنىڭ ئانىسى يەر ئاستىدىكى ئۇۋىسىدا باللىرىنى باقماقتا.

چىلە قۇرتىنىڭ باللىسى بەش قېتىم قاسراق تاشلىغاندىن كېيىن ئاران چوڭ بولىدۇ. چىلە قۇرتىنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ قۇيرۇقى قىسقۇچ شەكىللىك بولىدۇ. چىشىسىنىڭ قىسقۇچى تۈزرەك، ئەركىكىنىڭ قىسقۇچى ئەگمەچ بولىدۇ.



**سوئال: چىلە قۇرتىنىڭ ئانىسىنى نېمە ئۈچۈن مېھرىبان ئانا دەيمىز ؟**



**بىلىۋېلىڭ: چىلە قۇرتىنىڭ قىسقۇچى ئۇنىڭ قوغدىنىش قورالى ھېسابلىنىدۇ. خىرىسقا ئۇچرىغاندا، قىسقۇچىنى كېرىپ تەھدىت سالىدۇ؛ تاجاۋۇزچىغا يولۇققاندا ئۆلگەن بولۇپ مىدىرلىماي تۇرۇۋالىدۇ.**



www.uyghurkitap.com

# چۈمۈلىخور

چۈمۈلىخورنىڭ بۇرنى نېمىدېگەن ئۇزۇن ـ ھە! ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن بۇرنى بىلەن چۈمۈلە ئۇۋىسىنى پۇراپ تاپالايدۇ. چۈمۈلە ئۇۋىسىنى تاپقاندىن كېيىن، يوغان، ئەگمەچ تىرناقلىرى بىلەن چۈمۈلە ئۇۋىسىنى تاتلاپ ئېچىپ، ئاندىن ئۇزۇن بۇرنىنى تىقىپ، تىلى بىلەن چۈمۈلىلەرنى يالماپ يۇتىدۇ. ئۇنىڭ تىلىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇن، شىلىمشىق بولىدۇ، چۈمۈلە ئۇنىڭ تىلىغا چاپلىشىپ قالسا قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.



چۈمۈلىخور بىر قېتىمدا بىرلا بالا تۇغىدۇ ھەمدە بالىسىنى بەك كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ. ئېمىتىش مەزگىلىدە بالىسى ئۈچۈن بەك جاپا تارتىدۇ، باشقا ھايۋانلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر ۋاقىت بالىسىنى دۈمبىسىگە ئېلىپ يۈرىدۇ.





يامغۇر پەسلىدە چۈمۈلىخور كەلكۈن كەلگەن دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئېگىز، بىخەتەر جايغا چىقىۋالىدۇ.

چۈمۈلىخورنىڭ بالىسى ئانىسىغا ئەگىشىپ ماھارەت ئۆگىنىدۇ. ئانىسى تىرناقلىرى بىلەن چۈمۈلە ئۇۋىسىنى كولىغاندا، ياندا تۇرۇپ ئانىسىنىڭ ھەركىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ.

**سوئال: چۈمۈلىخور بالىسىنى قانداق قوغدايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: چۈمۈلىخور تىلىنى 60 سانتىمېتىر ئۇزارتالايدۇ ھەم مىنۇتىغا 150 قېتىم ئۇزارتىپ قىسقارتالايدۇ.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆڭكۈر توشقىنى

ئۆڭكۈر توشقىنى يەر كولاشقا ماھىر. ئۇ يەرنى كولاپ يەر ئاستىغا ئۇۋا ياسايدۇ. تۇغۇشقا تەمشەلگەن توشقاننىڭ ئايرىم ئۇۋىسى بولىدۇ، ئۇۋىسىغا ئۇششاق ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ تۈكلىرىنى قويۇپ، بۆجىنى ئۈچۈن ئىللىق ماكان تەييارلايدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان توشقان بۆجىنىنىڭ بەدىنىدە تۈك بولمايدۇ، كۆزى يۇمۇق ھالەتتە بولىدۇ، قۇلىقىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشىغا موھتاج.

قاراڭ! بۆجەنىنىڭ ئانىسى ھوشيارلىق بىلەن ئاسماندىكى بۈركۈتنى كۆزىتىپ، بالىسىنى قوغداشقا تەييار تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولغان ھەرقانداق ھايۋان ئۇنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ.



يەر ئاستىدىكى توشقان ئۇۋىسى.



توشقان باللىرى تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەر ئاستىدىكى ئۇۋىسىدىن يەر يۈزىگە چىقىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان توشقان بۆجەنلىرى ئانىسىنى ئەممەكتە.

**سوئال: توشقان نەدە ياشايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: توشقانلاردا ئۆزىنىڭ گەندىسىنى يەيدىغان ئادەت بار، ئاغرىپ قالغان توشقانلا گەندە يېمەيدۇ.**





# ئېنوت



پاھ! ئۇنىڭ يۈزى نېمىدېگەن قاپقارا، قۇيرۇقى نېمىدېگەن چىرايلىق! تېخى قۇيرۇقىنىڭ بالدىقى بار ئىكەن! ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ دەل پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېنوت!

ئېنوت بىر نەرسە يېمەكچى بولسا سۇغا چىلاپ يۇيۇۋېتىپ يەيدۇ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرگەن. قاراڭ ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا!

ئېنوت دەريا بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ قويۇق ئۆسكەن جايلاردا ياشايدۇ. ئادەتتە دەرەخ كامىرىغا ئۇۋا ياسايدۇ. بالىسىغا ئانىسى يالغۇز قارايدۇ، قاراڭ، ئانا ئېنوت بالىسىنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ باقماقتا.

ئېنوت بالىسى بىر يىل ئەتراپىدا ئانىسىغا ئەگىشىپ ھەر خىل ياشاش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئۆز ئالدىغا ياشايدۇ.

ئېنوت سۇغا يېقىن جايدا ياشاشقا ئامراق، چۈنكى سۇدىن راك، بېلىجان دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.



ئېنوت سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، ئۇنىڭ بالىسىمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا سۇ ئۈزەلەيدۇ، ئانىسىغا ئەگىشىپ ئېرىقلاردا يېمەكلىك ئىزدەيدۇ.



سوئال: ئېنوتنىڭ قانداق ياخشى ئادىتى بار؟

بىلىۋېلىڭ: ئېنوت كۈندۈزى دەرەختە ئارام ئېلىپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياپونىيە ماكاكا مايمۇنى

قارالڭ! بۇ نېمىدېگەن ئىناق ئائىلە!

ياپونىيە ماكاكا مايمۇنى توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر مايمۇن توپى ئىچىدە ئوخشىمىغان بىرنەچچە ئائىلە بولىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى قوغداپ، بىرلىكتە ياشايدۇ. ئەگەر خەتەر كۆرۈلسە، يەنى بۈركۈت ياكى مۈشۈكياپىلاق مايمۇن باللىرىنى تۇتقىلى كەلسە، توپتىكى بارلىق ئەزالار دەرھال ئۇيۇشۇپ، بىرلىكتە تاجاۋۇزچىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇلار يۇقىرى - تۆۋەن سەكرىشىپ ۋارقىرىشىدۇ، ۋارقىراش بىلەنلا تاجاۋۇزچىنى قورقىتالايدۇ.



ياپونىيە ماكاكا مايمۇنى ياپونىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللاردا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى قىسقا، يۈزى ھال رەڭدە بولىدۇ.



ماكاكا مايمۇنى ئادەتتە بىر قېتىمدا بىرنى تۇغىدۇ، بالىسىنى ئانىسى باقىدۇ، ئۇلارنىڭ ئانا - بالىلىق مۇناسىۋىتى ئۆلگىچە داۋاملىشىدۇ.

ماكاكا مايمۇنىنىڭ ئانىسى بالىسىنى ئاۋايلاپ باقماقتا.

توپ ئىچىدىكى تەڭقۇرداش مايمۇن باللىرى ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىدۇ.

**سوئال: ياپونىيە ماكاكا مايمۇنى بالىسىنى قانداق قوغدايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: ماكاكا مايمۇنى دەرەخ ئۈستىدە يۈگۈرگەندە، سەكرىگەندە قۇيرۇقى بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.**





www.uyghurkitap.com



# كۆك بۆرە

بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى! قورقماڭ! بۆرە ئەمەلىيەتتە بالىسىغا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ.

قاراڭ! بۆرىنىڭ ئانىسى ئەمدىلا بىر ئايلىق بولغان كۈچۈكلىرىنى ئاۋايلاپ باقماقتا. ئۇ كۈچۈكلىرىنى بۆرە توپى ئارىسىغا ئېلىپ بېرىپ، توپتىكى ئەزالار بىلەن بىللە ياشاشنى ئۆگىتىشكە تەييارلاندى.

بۆرە كۈچۈكلىرى بۆرە توپىدا ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىنىپلا قالماي، كوللېكتىپ تۇرمۇشقا دائىر قائىدىلەرنىمۇ ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، بۆرە



دوستلىرى بىلەن سالاملاشقاندا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ قويىدۇ، بىراق ئاتامانغا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىشقا قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى بۆرە ئاتامانغا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىش ھەيۋە قىلىش ياكى غەلۋە قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئاتاماننى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، ئەڭ توغرىسى قۇيرۇقىنى ساڭگىلىتىپ ئۆتۈپ كەتكۈلۈك.



يېڭى تۇغۇلغان بۆرە كۈچۈكلىرى بۆرە توپىدىن يىراقراق ئۆڭكۈردە بىر مەزگىل تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئانىسى يالغۇز قارايدۇ.

بۆرە كۈچۈكى ئۆڭكۈردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن توپتىكىلەر بىلەن قانداق ئۆتۈشنى، بىر - بىرىنى قوغ- داشنى، بىرلىكتە نەرسە تۇتۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

**سوئال: بۆرە كۈچۈكى بۆرە توپىدىكى دوستلىرىنى كۆرگەندە قانداق سالاملىشىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: بىر بۆرە توپىدا ئادەتتە ئون نەچچە بۆرە بولىدۇ. بۆرە ئۇچۇن يالغۇز ھەرىكەت قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، كۆك بۆرە توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. توپتىكى ئەزالار بىر - بىرىنى قوغدايدۇ ۋە بىرلىكتە ئوۋغا چىقىدۇ.**





www.uyghurkitap.com

# چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان

چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان يىلانلارنىڭ پادشاھى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە باشقا خىلدىكى يىلانلارنى ئاسانلىقچە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، باشقا يىلانلار بىر بولسا قاچىدۇ، بىر بولسا چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلانغا يەم بولىدۇ.

بىراق، چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان بالىسىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ. چىشى يىلان تۇخۇملاپ بولغاندىن كېيىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي تۇخۇمنى قوغدايدۇ. بۇ مەزگىلدە بەكمۇ ھوشيار بولۇپ كېتىدۇ، بىرەر ھايۋان ئەتراپتىن ئۆتۈپ قالسا، «تىس - تىس» ئاۋاز چىقىرىپ، ئۇنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىدۇ. بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندىلا ئاندىن ھوشيارلىقنى بوشىتىدۇ.



چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان تۇخۇمىنىڭ يېنىدا يۆمىلاق يۆگىشىپ، ھەر ۋاقىت تاجاۋۇز قىلىپ كەلگۈچى بىلەن ئۇرۇشۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ.



چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلاننىڭ بالىسى تۇغۇلۇپلا بىر نەرسە تۇتۇپ يېيىشنى بىلىدۇ. سۈرەتتە يېڭى تۇغۇلغان چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان بالىسى باشقا بىر كىچىك يىلانى تۇتۇۋالدى.



سوئال: چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلانىڭ ئانىسى قانداق ئۇسۇل بىلەن تاجا-ۋۇزچىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىدۇ؟



بىلۋېلىڭ: چوڭ كۆزئەينەكلىك يىلان يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلىقىنىڭ ناغرا پەردىسى يوق بولغاچ-قا، ھەرقانداق ئاۋازغا ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ. تىلى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ تىلى بەك سەزگۈر بولۇپ، ھاۋا ئارقىلىق ئولجىنىڭ تۈرىنى ئايرىيالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# سۇ چوشقىسى

سۇ چوشقىسى سۇغا كىرىۋالسا، باشقىلارنىڭ ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى سۇ چوشقىسىنىڭ قۇلاق، كۆز، بۇرۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان. شۇڭا ئۇ سۇ ئۈزگەندە بەدىنىنى سۇغا چۆكۈرۈپ، چوققىسىنى چىقىرىپ ئەتراپىنى كۆزىتىدۇ.

قاراڭ! تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە سائەت بولغان سۇ چوشقىسى كىچىككىنە بۇ ماھارەتنى بىلىۋېلىپ، ئانىسى بىلەن سۇ ئۈزۈپ ئويناۋاتىدۇ.

سۇ چوشقىسى سۇ ئۈزگەندىمۇ قىرغاقتىن كۆزىنى ئۈزمەي سەگەك تۇرىدۇ، بىرەر خەتەرنى بايقىغان ھامان خورتىلداپ بىر - بىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئاندىن تېزدىن سۇغا شۇڭغۇپ كىرىۋالىدۇ.





سۇ چوشقىسى كۆپىنچە جەمەت بويىچە ياشايدۇ. بەزىدە بىرنەچچە سۇ چوشقىسى بىرلا ۋاقىتتا تۇغۇپ، باللىرىنى بىللە باقىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ باللىرى ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئېمىپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ ئېمىدۇ.

چوڭ سۇ چوشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بۆركۈت ۋە باشقا ھايۋانلارنى كۆرگەندە ئۇلار تەڭلا خورتىلدايدۇ.



سوئال: سۇ چوشقىسى سۇ ئۈزگەندە قانداق قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: سۇ چوشقىسى خورت - خورت ئاۋاز چىقىرىپ بىر - بىرىگە مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ.





# كاۋلا

ئاۋستىرالىيەنىڭ دۆلەت گۆھىرى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ سۇرەتتىكى ئۇماق ھايۋان ــ كاۋلا.

كاۋلا كېنگورۇغا ئوخشاش خالتىلىق ھايۋان. كاۋلانىڭ بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا بەكمۇ كىچىك بولۇپ، تېنى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئانىسى ئۇنى خالتىسىغا سولاپ كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىسى ھەر ۋاقىت ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ، قورسىقى ئاچسىلا ئېمىدۇ.



سۇرەتتىكى ئالتە ئايلىق بولغان كاۋلا بالىسى ئانىسىنىڭ خالتىسىدىن ئايرىلىپ، ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئانىسىغا چىڭ چاپلىشىپ، ئانىسىنىڭ مېھرىدە چوڭ بولىدۇ، تاكى بىر ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ياشاشقا باشلايدۇ.

كاۋلا بالىسى ئارام ئېلىش ۋە ئېمىش ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ خالتىسىغا ئارقىچىلاپ كىرمەكتە.

5 ـ 6 ئايلىق بولغان كاۋلا بالىسى دەرەخ شېخىنى قۇچاقلاپ ئۆزى يالغۇز ئۇخلىماقتا.

سوئال: كاۋلا نېمە يېيىشكە ئامراق؟

بىلىۋېلىڭ: كاۋلانىڭ بەدىنى بىر خىل خۇشپۇراق پۇرايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ شېخىنى يەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئافرىقا پىلى



سۈرەتتىكى پىل بالىسىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى پەرەز قىلالامسىز؟ ئۇ ئاران ئۈچ ئايلىق بولدى.

ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى پىلنىڭ ئانىسى پىل توپىغا ئەگىشىپ مۇشۇ جىلغىغا كەلگەندى. ئۇ مۇشۇ تىنچ جاينى تاللاپ بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇردى، قالغان پىللار يولىنى داۋاملاشتۇردى.



پىلنىڭ ئانىسى يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ئۆرە تۇرۇشىغا ياردەملەشمەكتە.

پىل بالىسى تۇغۇلۇپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇزۇن خارتۇمى بىلەن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كەچتە قورسىقى تويغاندا بولسا ئانىسىغا ئەگىشىپ يول ماڭدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار پىل توپىغا يېتىشىۋېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلاندى.



پىل بالىسى بەك پاكار بولغاچقا، ئۇنىڭغا باشقا نەرسە كۆرۈنمەي پەقەت توم - توم پىل پۇتلىرىلا كۆرۈنىدۇ، پىللارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدىلا يۈرىدۇ. خەتەرگە يولۇققاندا ئانىسى ئۇزۇن خارتۇمى بىلەن بالىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ ھەم بالىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي قوغدايدۇ.

پىل توپى ئىچىدە كېتىۋاتقان پىل بالىسى سەپتىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، خارتۇمى بىلەن ئانىسىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالدى.

بىلىۋېلىڭ: پىل چىشى ئافرىقا پىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. يېڭى تۇغۇلغان پىل بالىسىنىڭ چىشى بولمايدۇ، ئۇنىڭ چىشى بەدىنىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىرايدۇ.

پىل بالىلىرى پاتقاقتا مېلىنىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ.



سوئال: يېڭى تۇغۇلغان پىل بالىسى ئانىسىنى قانداق ئېمىدۇ؟





# ئامېرىكا قۇندۇزى

ئامېرىكا قۇندۇزى دەريا بويلىرىدا ياشايدۇ، دەرەخ شاخلىرى بىلەن پاتقاقتىن ئۇۋا ياسايدۇ. ئاۋۋال دەرەخ شاخلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ئۇۋا ياسايدىغان جايغا دۆۋىلەپ، ئاندىن پاتقاق بىلەن بۇ شاخلارنى قوپۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى نەپىس ھەم مەزمۇت بولىدۇ، سۇ ئۆتمەيدۇ. ئۇۋىسىدا ئۇخلايدىغان جاي بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇزۇن كارىدور بولىدۇ. دائىم دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئۇۋىسىنى پۇختىلاپ، ئوڭشاپ تۇرىدۇ.

قۇندۇز بالىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە ئىشچانلىقىدىن بىخەتەر، ئارامبەخش ۋە مەزمۇت ئۆي بولۇشى كېرەكلىكىنى، بىردىنبىر مەخپىيەتلىكنىڭ ئىشچانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۇۋىسىنى پۇختىلاشقا ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلايدۇ.



قۇندۇز بالىسىنى بەكمۇ كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ. قۇندۇزنىڭ ئانىسى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئاپتاپ سىنىدۇرماقتا.



قۇندۇز ئۇۋىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى سۇ ئاستىدا بولىدۇ، قۇندۇز ئانىسى بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتماقتا.

سوئال: قۇندۇز بالىسى ئاتا - ئانىسىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدى؟

بىلىۋېلىڭ: ئامېرىكا قۇندۇزى ئۇۋا ياساشنى بىلىپلا قالماي، ئۇۋىسىغا سۇ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرەخ شاخلىرىدىن كىچىك ئېرىقلارغا توسما ياساشنىمۇ بىلىدۇ.



بۇ كىتاب جۇڭگو نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى ھازىرقى زامان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国出版集团现代教育出版社 2012 年 1 月第 1 版, 2012 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت غوپۇر
بەت لايىھەلىگۈچى: گۈلمىرە رۇسۇل

قايتا تەكشۈرگۈچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

**ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب**

# كۆيۈنۈش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى

---

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
زاۋۇت: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7071 - 4
باھاسى: 13.60 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى



ISBN 978-7-5469-7071-4

定价: 13.60元